# «بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر» قوللىنىپ، دەل ياردەم بېرىش، تۆپتىن يۆلەش




**□پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

«‹ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش› خىزمەت ئەترىتىنىڭ دەل جايىدا ياردەم بېرىشى - يۆلىشى نەتىجىسىدە، مەن قەرزلىرىمنى قايتۇرۇپلا قالماي، يەنە 30 مىڭ يۈەن ئامانەت قويدۇم» دېدى 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ سىيەك يېزىسى قىغاز كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە ئابدۇرېشت مەتتۇردى پەخىرلەنگەن ھالدا. ئابدۇرېشت ئائىلىسىدىكى ئۆزگىرىش قىغاز كەنتى يولغا قويغان «بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر» قوللىنىشتەك نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش سىياسىتىدىن كەلگەن.

ھازىر، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتتىق قىيىنچىلىقنى يېڭىش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ ئىستىھكامنى ئېلىش باسقۇچىغا كەلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار «بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر» قوللىنىشتەك نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش لايىھەسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دەل ياردەم بېرىپ، يىلتىزىدىن يۆلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

### بويىغا قاراپ كېيىم پىچىلگەنلىكتىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولى ئېنىق بولدى

قىغاز كەنتىدە ئادەم كۆپ، يەر ئاز، كەسىپ ئاساسى ئاجىز بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللارغا قارىتا، بۇ كەنت يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئاساس، باقمىچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىنى بېكىتتى. شىنجاڭ جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ قىغاز كەنتىدە تۇرۇشقا ئەۋەتكەن 1 - شۇجى چېڭ دۇڭمىڭ مۇنداق دېدى: «بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان ئائىلىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىتا ‹بويىغا قاراپ كېيىم پىچىپ› ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئورنى ئېچىپ، پائال تۈردە كارخانا، يېزا - بازار زاۋۇتلىرى، نامراتلارنى يۆلەش سېخى ۋە ھەمكارلىق كوپىراتىپلىرى بىلەن دەل جايىدا ئۇدۇللىشىپ، 177 ئادەمنى مۇقىم يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردۇق، 38 ئادەمنى ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىش ئورنىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇردۇق ھەم باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق 530 نامرات ئائىلىنىڭ نەپكە ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولدۇق».

3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سەھەردە، ئۈچتۈرپان ناھىيەسىنىڭ ئاقيار بازىرى تاغارچى كەنتىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس كادىرى خې ۋېي ھەرقايسى نامراتلارنى يۆلەش كۈچلىرىنى تەشكىللەپ ئۆيمۇئۆي كىرىپ چوڭقۇر زىيارەت قىلدى. خې ۋېي مۇنداق دېدى: «بىز ھەربىر نامرات ئائىلىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ ياردەم بەردۇق، يۆلىدۇق ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار تۈزگەن ‹بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر› لايىھەسىنى تولۇقلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامرات ئائىلىلەر ۋە چەت جايلاردىكى ئائىلىلەرنىڭ ‹ھەممە ئائىلىنىڭ چارىسى بولۇش، ھەممە ئادەم ئىشقا ئورۇنلىشالايدىغان بولۇش، ھەر كۈنى كىرىمى بولۇش›نى ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق».

بۇ يىل ئۈچتۈرپان ناھىيەسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش جەريانىدا، «تۆتنى تاشلىماسلىق» تەلپى بويىچە، «بىر كەنتكە بىر لايىھە، بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر»نى دەل جايىدا تۈزۈپ، تۈر مەبلىغى، كەسىپلەر بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئائىلىگە، ئادەمگە قاراپ تەدبىر قوللىنىپ، تۈرلۈك ياردەم بېرىش - يۆلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

### كېسەلگە قاراپ دورا بېرىلگەنلىكتىن، نامراتلارنى يۆلەش چارىسى كۆپ بولدى

يېقىندا كۆكتوقاي ناھىيەسىنىڭ كۈرتى يېزىسى ئاشلى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى قانات سەلقان «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ ياردىمىدە، ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئەقلىي ئىقتىدارلىق پارنىكتا خىزمەت تاپتى.

ئاشلى كەنتى ئېگىز تاغ جىلغىسىدا بولۇپ، 2017 - يىلى پۈتۈن كەنت بويىچە ناھىيە بازىرىدىن ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايغا كۆچۈرۈلگەن. نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە كۆچكەن 81 ئائىلىدىكى 322 ئادەمنىڭ كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇرۇش، قايتا نامراتلىشىپ كەتمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇ يىلنىڭ بېشىدا، خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت كادىرلىرى ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 81 نامرات ئائىلىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىتا، قوي، كالا بورداقچىلىقى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ۋاقىتلىق ئىشلەش، پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بەش چوڭ يۆلەش ئۇسۇلىنى تۈزۈپ چىقىپ، ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىغا بېرىپ ئارىلىق ئاپتوموبىل شوپۇرى بولۇش، مېھمانسارايلارغا بېرىپ مۇلازىمەتچى بولۇش، زاۋۇت، كان - كارخانىلارغا بېرىپ كەپشەرچى بولۇش، پارنىك تېرىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ كىرىمنى كۆپەيتىش، سۈت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش قاتارلىق 286 تۈرلۈك كونكرېت مەزمۇنلارنى ھەربىر ئائىلىنىڭ «بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر» خاتىرە دەپتىرىگە تۈرلەر بويىچە كىرگۈزدى.

«بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ‹بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر› خاتىرە دەپتىرىگە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئون نەچچە تۈرلۈك مەزمۇن يېڭىدىن قوشۇلدى، تېخى يېقىندىلا مېنىڭ ھازىر پارنىكتا ئىشلەۋاتقان ئىشىم بىر تۈر سۈپىتىدە قوشۇلدى» دېدى قانات.

«ھەربىر تۈرلۈك نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتى پۈتۈنلەي كەنت ئاھالىسىنىڭ ئېتراپ قىلىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن بېكىتىلدى، خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت ‹ئىككى كومىتېت›ى ھەرقايسىسى ئۆزى مەسئۇل بولغان تەۋەلىك رايونى بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ، بىر تۈرنى تاماملىغاندىن كېيىن بىرنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپ ماڭدى. بۇ يىلقى 286 كىچىك تۈر مەزمۇننىڭ ئىچىدە 258 تۈر ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى» دېدى كۈرتى يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، كەنتنى ھۆددىگە ئالغان كادىر ئورال.

بىر ئائىلىنىڭ بىر ھېساپات دەپتىرى بولۇپ، ئائىلىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، تيەنشاننىڭ جەنۇبىي - شىمالىدىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە «كېسەلگە قاراپ دورا بېرىلگەن»، كونكرېت تەپسىلىي يېزىلغان «نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشتىكى بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر لايىھەسى»نى كۆرگىلى بولىدۇ. مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى گو يەنيۇڭ مۇنداق دېدى: «بىز ھەربىر ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى دەل جايىدا ئىگىلەش ئاساسىدا، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، خىزمەت ئەترىتى، ياردەم بېرىش - يۆلەش كادىرلىرى ۋە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەر ئورتاق تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئىختىساسلىقلار، مەبلەغ، تېخنىكا، تۈر، تەربىيەلەش قاتارلىق جەھەتلەردىن ئون يېزا - بازارنىڭ 45 كەنتىدىكى 1896 نامرات ئائىلىنى دەل جايىدا ياردەم بېرىش - يۆلەش بىلەن تەمىنلىدۇق».

### ياردەم بېرىش - يۆلەشتە ھەممىنى ئۈستىگە ئېلىۋالمىغانلىقتىن، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى يېتەرلىك بولدى

3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، بىڭتۇەن 5 - شىسىنىڭ 89 - تۇەن 7 - لىيەندىكى ئۈزۈمزارلىقتا، بورتالا شەھىرىنىڭ ئوتبۇلاق بازىرى بايار بۇلاق غەربىي كەنتى بىلەن چىندېلىجو جەنۇبىي كەنتىدىن كەلگەن 42 كەنت ئاھالىسى ئۈزۈم تاللىرىنىڭ قېلىن «پاختىلىق چاپىنى»نى سالدۇرۇۋاتاتتى. «بۇ يەردە ئىشلىسەك بىر ئايدا 4000 يۈەن تاپالايمىز، ئىشىنىمىزكى بۇنىڭدىن كېيىن تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ» دېدى بايار بۇلاق غەربىي كەنتىدىكى نامرات ئاھالە ماخمۇت ئىمناخۇن خۇشال ھالدا.

ئەسلىدە، ئىككى كەنتنىڭ كەنت ئاھالىلىرى كومىتېتى 7 - لىيەندىكى ئۈزۈمزارلىقنىڭ نۇرغۇن ئىشلەمچى خادىمغا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كەنتتىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىشقا تەشكىللىگەن. چىندېلىجو جەنۇبىي كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ جيەنچى مۇنداق دېدى: «بىز يەنە نامرات ئاھالىلەرنى ئۆز ئالدىغا باقمىچىلىق، تېرىقچىلىق، ساياھەتچىلىك قاتارلىقلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ئەمگەك كۈچى بار، تېخنىكىسى يوق نامرات ئاھالىلەرنى باغچە رايونىغا كىرىپ، كوپىراتىپقا كىرىپ ئىشلەپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتتۇق».

ئىدىيە - قاراشنى ئۆزگەرتىش، كىرىمنى ئاشۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىش «ھادىسىدىن تۈزەش»نىڭ «ماھىيەتتىن تۈزەش»كە، «قان بېرىش»نىڭ «قان ئىشلەش»كە ئۆزگىرىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى تۆپتىن كۈچەيتتى.

«تېخنىكا ماھارەت تەربىيەسىگە قاتناشقاندىن كېيىن، مەن دوستلىرىم بىلەن شېرىكلىشىپ ئاپتوموبىل رېمونتخانىسى ئاچتىم، ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشى بىردىنلا ياخشىلاندى» دېدى 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاقچى ناھىيەسىنىڭ ئاقچى بازىرى جالاڭچى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى سالابېك ساتىمىش، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، ئۇ تېخى كونا كېسەك ئۆيدە ئولتۇراتتى، ھازىر نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپلا قالماي، يەنە بىنا ئۆيگە كۆچۈپ كىردى.

**(مۇخبىر رايىدە، قاتناشقان مۇخبىرلار پەرىزات ئابدۇل، جاڭ جىلى، گې يوۋجۈن، جاڭ تىڭ، سۇڭ ياۋبىن، جاڭ رۇيلىن)**

(بېشى 1 - بەتتە)

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، مۇزلۇق، قارلىقمۇ بىر بايلىق، دېگەن ئىدىيەنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئىرادىسىنى ساقلاپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، تىرىشىپ ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. مەركەزنىڭ مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش قايتما ئىنكاس پىكرى بويىچە تۈزىتىشنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، يۇقىرى نۇقتىدىن تۈرتكە بولۇپ تۈزەشنى تۇتۇش، قاتتىق نازارەت قىلىپ ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلىپ تۈزەشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈزەش مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىپ، چىڭىتىپ، تۈرلۈك تۈزەش ۋەزىپىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۈزەپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. گەۋدىلىك ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنى خەلق تۇرمۇشىدىكى ئالدىنقى ساھە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆك ئاسماننى قوغداش جېڭى، زۇمرەت سۇنى قوغداش جېڭى، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭى، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت تۆت مەيدان بەلگە خاراكتېرلىك مۇھىم، زور جەڭنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغان، تۇرمۇش باياشات، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان مەدەنىي تەرەققىيات يولىدا قەتئىي مېڭىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش كېرەك. تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقنى سىستېمىلىق تۈزەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇش، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيە ئالدىنقى ئورنىغا قويۇلغان يېشىل تەرەققىيات بوشلۇقىنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈرلۈك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنى باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش، بەرپا قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇلغىنىشنى تۈزەشتە مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، تەڭشەپ، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق ئايلانما تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، ئېنېرگىيە بايلىقىنى ئومۇميۈزلۈك تېجەشنى ئالغا سىلجىتىپ، يېشىل تەرەققىيات ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تۈزەش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ساھەسىدىكى تۈزۈلمە مېخانىزم ئىسلاھاتى ۋە تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مالىيە سېلىنمىسى ۋە پەن - تېخنىكا تىرىكنى ئاشۇرۇش كېرەك. «14 - بەش يىل»دىكى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تۈزەش سەۋىيەسى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، يىرىك پىلان تۈزۈشنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى يۇقىرى سەۋىيەدە ئاسراشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش كومىتېتىغا ئەزا ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

## پۇرسەتنى تۇتۇپ، ۋاقىت قوغلىشىپ، سۈرئەت قوغلىشىپ بۇ يىللىق نىشان - ۋەزىپىلەرنى قەتئىي تاماملاشتا تەۋرەنمەسلىك كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

كارخانا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە ئېھتىياجنى چوڭقۇر ئىگىلىدى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىر - تەكلىپىنى ئاڭلاپ، تەرەققىيات پىكىر يولى ۋە يۈزلىنىشنى پىلانلاپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ئورتاق تۈرتكە بولدى.

جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدە شۆھرەت زاكىر ئورۇنلاشتۇرۇش ئورنى، ئۈسكۈنە بۆلۈمى، يۈك ترانسپورت بۆلۈمى ۋە يولۇچى توشۇش بۆلۈمىگە بېرىپ، شىركەتنىڭ ئۈچۈرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ھەم ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يۇقۇم ئېلىپ كەلگەن ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمى ئالدىدا، ئىدىيەنى ئازاد قىلىپ، پۇرسەتنى تېزدىن تۇتۇپ، «شىنجاڭغا كىرىپ - چىقىشنى تېزلەشتۈرۈش، شىنجاڭ ئىچىنى ھالقىسمان تۇتاشتۇرۇش»نى چۆرىدەپ، مۇھىم، زور تۆمۈريول تۈر قۇرۇلۇشلىرىغا پائال تۈرتكە بولۇپ، ھازىر بار لىنىيەلەردە سۈرئەتنى ئاشۇرۇپ ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، تىجارەت سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك. يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونىنىڭ ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزدىنىڭ قاتناش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا مۇلازىمەت قىلىش كېرەك. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىق مېخانىزمى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تېخىمۇ كۆپ سەرخىل ساياھەت لىنىيەلىرىنى پائال بەرپا قىلىپ، شىنجاڭغا كىرىدىغان ساياھەت مەخسۇس پويىزىنىڭ يولۇچى توشۇش ئىقتىدارىنى سىجىل ئۆستۈرۈش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىنىڭ نۆۋەتتە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرغانلىقىنى، تۈرلۈك ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ تېز ئالغا سىلجىتىلغانلىقىنى ئىگىلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پۈتۈن ھاۋارايىلىق توك بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، توك سېتىۋېلىش مۇلازىمىتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ھەقىقىي تۈردە دۆلەتنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاشتىكى سىياسەت پايدىسىنى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتتە قىيىنچىلىقى بار ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلاردا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ بېسىمىنى يېنىكلىتىش كېرەك. يەرلىكنىڭ قۇرۇلۇشقا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا نامرات رايونلاردىكى ھەر دەرىجىلىك ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرىدە توك بىلەن تەمىنلەش مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئېلېكتر كۈچىدە «تەمىنلىيەلەيدىغان» «ياخشى ئىشلىتەلەيدىغان» بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيە بايلىقى تەبىئىي ئەۋزەللىكىنى چوڭقۇر قېزىپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» قۇرۇلۇشىنى قوللاپ، «شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش»نى پائال ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى ئېنېرگىيەنى ئېچىش، پايدىلىنىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللاش كېرەك.

شىنجاڭ خەۋەرلىشىشنى باشقۇرۇش ئىدارىسى 5G ھېس قىلىش زالىدا، شۆھرەت زاكىر 5Gنىڭ يىراق مۇساپىلىك كوللېكتىپ دىياگنوز قويۇش، چوڭ سانلىق مەلۇمات ئانالىز سىستېمىسى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق سىن بۇلۇتى، تيەنيى بۇلۇت دەرسخانىسى، ئاقىل مەھەللە قاتارلىق جەھەتلەردە ئىشلىتىلىشىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى ھەم نەق مەيداندا پۈتۈن كۆرۈنۈشلۈك VR بىۋاستە تارقىتىشنى ھېس قىلدى. شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: خەۋەرلىشىشنى باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن تېلېگراف تىجارەت كارخانىلىرى پۇرسەتنى تۇتۇپ، خەۋەرلىشىش مۇھىم، زور تۈرلىرى ۋە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، 5G قۇرۇلۇش سېلىنمىسى سالمىقىنى زورايتىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ 5G تورى بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. كەسىپ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قېزىپ، ئۇچۇر كەسپىدىكى تەرەققىيات يېڭى كەسىپ ھالىتىنى كېڭەيتىپ، كەسىپ زەنجىرىنىڭ بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كارخانىلىرىنىڭ ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشىنى كۈچەيتىپ، يېڭى ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈش نۇقتىسىنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بېرىش كېرەك. تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، خەۋپ - خەتەر ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تور ئۇچۇر بىخەتەرلىكى ھەم جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشتىكى خەۋەرلىشىشكە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، بىخەتەر، كونترول قىلغىلى بولىدىغان تور بوشلۇقى بەرپا قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جاڭ چۈنلىن، جاۋ چۇڭجيۇ، جاۋ چىڭ قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا يۇقىرىدىكى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 82 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 15 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ قارالما لايىھەسى ھەم ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى قاراپ چىقىلدى. مۇدىرلار يىغىنىنىڭ تەكلىپ قارالمىسىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 15 - قېتىملىق يىغىنىدا «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ئائىلە زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى (دەسلەپكى لايىھەنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)»گە قاراپ چىقىلىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قاراپ چىقىشقا سۇنغان «ئاپتونوم رايوننىڭ كىلىمات بايلىقىنى قوغداش، پايدىلىنىش ۋە ئېچىش نىزامى (دەسلەپكى لايىھەسى)» توغرىسىدىكى تەكلىپ قاراپ چىقىلىدۇ، تۇرپان شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاشقا سۇنغان «تۇرپان شەھىرىنىڭ مەدەنىي ھەرىكەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش نىزامى» توغرىسىدىكى تەكلىپ تەكشۈرۈلىدۇ، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاشقا سۇنغان «مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش نىزامى (تۈزىتىلمىسى)» توغرىسىدىكى تەكلىپ تەكشۈرۈلىدۇ، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاشقا سۇنغان «يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش نىزامى» توغرىسىدىكى تەكلىپ تەكشۈرۈلىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2020 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتنى تەڭشەش لايىھەسى (دەسلەپكى لايىھە) توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلىدۇ، 2020 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتنى تەڭشەش لايىھەسى (دەسلەپكى لايىھە) تەكشۈرۈپ تەستىقلىنىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ 2019 - يىللىق قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى ئەنگە ئېلىش، تەكشۈرۈش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى جەمئىيەت قۇرۇلۇشى كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى ھەيئەت رىياستى قاراپ چىقىشقا تاپشۇرغان ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلىدۇ ۋە قاراپ چىقىلىدۇ، كادىرلارنى تەيىنلەش - قالدۇرۇش تەكلىپى قاراپ چىقىلىدۇ.

يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش نىزامى»نى قاراپ چىقىشنى ئاخىرلاشتۇرۇش توغرىسىدا سۇنغان دوكلاتى قاراپ چىقىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ «زاسېداتېللار قانۇنى»نىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ جىنايى ئىشلار بويىچە سوت قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى قاراپ چىقىش پىكرىنى تەتقىق قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى قاراپ چىقىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەت دەۋاسى تەپتىشلىكى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى قاراپ چىقىش پىكرىنى تەتقىق قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى قاراپ چىقىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ 2018 - يىللىق دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنى باشقۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال دوكلاتى، 2018 - يىللىق مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنى باشقۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەخسۇس دوكلاتى، «يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكى قانۇنى»نىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى، 2019 - يىللىق تيانشان مۇھىت ئاسراش سەپىرى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى قاراپ چىقىش پىكرىنى تەتقىق قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى قاتارلىقلار قاراپ چىقىلدى.